# 72235 - ئېكرانغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى چىقىرىلغان يانفۇننى ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرىش توغرىسىدا

## سوئال

مۇسۇلمان كىشىنىڭ قولىدا ئېكرانىغا "ئاللاھۇ ئەكبەر" دېگەن سۆز ئەرەپچە چىقىرىلغان تېلىفۇننى ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرسە توغرا بولامدۇ؟، بۇ ھەقتە چۈشەنچە بېرىشىڭلارنى سورايمەن.

## تەپسىلى جاۋاپ

بارلىق گۈزەل مەدھىيىلەر ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى بولغان ئاللاھ تائالاغا خاستۇر.

كۆپچىلىك پىقھشۇناش ئالىملار ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان ھەرقانداق نەرسىنى ھاجەتخانىغا ئېلىپ كىرىش ياخشى كۆرمىگەن. بۇنىڭدىن ئىستىسنا قىلىپ؛ دەرھەم ۋە قەغەز پۇللارغا ئوخشاش نەرسىلەردە ئاللاھنىڭ ئىسمى بولسا، ئېھتىياج بولغاندا بىرگە ئېلىپ كىرسە دۇرۇس بولىدۇ.

بىر قىسىم ئالىملار: ئۆزى بىلەن بىرگە بولغان نەرسىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى كۆرۈنمىسە ھېچ گەپ يوق (يەنى بولىدۇ) دەپ قارايدۇ.

ئىبنى قۇدامە رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ھاجەتخانىغا كىرىشنى مەقسەت قىلغان ۋاقىتتا يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان نەرسىلەر بولسا ئۇنى سىرتتا قويۇپ كىرىش ياخشى، ئەمما ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان نەرسىنى بىر نەرسىنىڭ ئىچىگە سېلىپ ساقلىسا، چۈشۈپ قېلىشتىن ئېھتىيات قىلسا ياكى ئۈزۈكنىڭ كۆزىدە بولسا، ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالقىنىنىڭ ئىچىگە قىلىۋېتىپ كىرسە بولىدۇ".

ئىمام ئەھمەد رەھىمەھۇللاھ مۇنداق دەيدۇ: "ئۈزۈكنىڭ كۆزىدە ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى بولسا ئۇنى ئالقىنى تەرەپكە قىلىۋېتىپ ھاجەتخانىغا كىرسە بولىدۇ. ئەكرەمە مۇنداق دەيدۇ: ئۈزۈكنىڭ كۆزىنى ئالقىنىغا قىلىپ قولىنى يۇمۇۋالسا بولىدۇ. ئىسھاق ئىبنى راھۇۋەيمۇ شۇنداق دەيدۇ. سەئىد ئىبنى مۇسەييىب، ھەسەن ئەلبەسەرىي ۋە مۇھەممەد ئىبنى سىرىيىن قاتارلىق ئالىملارمۇ بۇنىڭغا رۇخسەت قىلغان.

ئىمام ئەھمەد: بىر ئادەمنىڭ يېنىدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان تەڭگە پۇل بولسا بۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانىغا كىرسە ھېچ گەپ يوق دېگەن". [ئەلمۇغنى 1-توم 109-بەت].

شەيخ ئىبنى ئۇسەيمىين رەھىمەھۇللاھدىن: پۇلدا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان بولسا، ئۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانىغا كىرسە بولامدۇ؟ دەپ سورالغاندا، شەيخ جاۋاپ بېرىپ: "ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى يېزىلغان پۇل

يانچۇقتا ياكى پۇل قاپچۇقچىدا بولسا ھېچ گەپ يوق. چۈنكى ئۇ كۆرۈلمەيدۇ". [تاھارەت پەتىۋالىرى 109-بەت].

يۇقىرىدىكى دەلىللەرگە ئاساسەن، ئىكرانىغا ئاللاھ تائالانىڭ ئىسمى چىقىرىلغان تىلفۇن يانچۇقىدا بولسا ياكى قاپىنىڭ ئىچىدە بولسا بۇنىڭ بىلەن ھاجەتخانىغا كىرسە بولىدۇ.

ھەممىدىن توغرىنى بىلگۈچى ئاللاھ تائالادۇر.